# ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ شاراپىتى

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن مەخلۇقاتلاردىن ئىنسانلارنى ئۇلۇغ ياراتتى. جايلاردىن مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھەرلىرىنى، كۈنلەردىن جۈمە كۈنىنى، ئايلاردىن رامىزان ئېيىنى ئۇلۇغ قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان»دىن دەسلەپكى ۋەھيي رامىزان ئېيىدا چۈشۈشكە باشلىغان. ئۇلۇغ قەدىر كېچىسىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىنىڭ كۆپىنچە غەلىبىلىرى رامىزان ئېيىدا قولغا كەلگەن. شۇڭا بۇ ئاينى ئىسلام ئەھلى 14 ئەسىردىن بېرى قەدىرلەپ، ئۇلۇغلاپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلاردىن دۇئا، «قۇرئان» ئوقۇش، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىش، بىلىمگەنلەرگە دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش قاتارلىق سۆز بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، ناماز ئوقۇشقا ئوخشاش بەدەننىڭ ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر، زاكاتقا ئوخشاش ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر ۋە نەپسىنىڭ تەلەبلىرىنى ۋاقىتلىق رەت قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەر باردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى باردۇر. زاماننىڭ تەرەققىياتى بىزلەرگە رامىزاننىڭ بەزى ھېكمەتلىرىنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، بىزگە مەلۇم بولمىغان پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئېنىق بولغان نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىرى ۋە پايدىلىرى بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھېكمەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلارغا بۇيرىغان ئەمەس.

روزا تۇتۇشنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سىرىنى تونۇش كېرەك. ئۇ بىز سىرتتىن كۆرىۋاتقاندەك پەقەتلا يەپ ـ ئىچىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان جانلىق ھەيكەل ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئۇنىڭدىكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان روھانىي جەۋھەردۇر. ئىنسان بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ، ھەقىقەتلەرنى بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېس قىلىدۇ ۋە لەززەتلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساندىكى مۇشۇ روھانىي جەۋھەرنىڭ يۈزىسىدىن پۈتۈن پەرىشتىلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان. ئىنسان شۇنداق ئۇلۇغ مەخلۇقاتكى، ئۇنىڭ روھى ئاللاھ تائالادىن، بەدىنى تۇپراقتىن بولغان ھۆرمەتلىك بىر مەۋجۇداتتۇر. ئىنسان ھەمىشە ئۇنى ئۇلۇغلۇققا كۆتۈرىدىغان روھى بىلەن، ئۇنى رەزىللىككە چۈشۈرۈشكە ئۈندەيدىغان نەپسىي ھەۋەسىنىڭ ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار بىلەنلا ياشايدۇ. ئەگەر ئۇ، روھى بىلەن ئەقلىنى نەپسىي ھەۋىسىگە بويسۇندۇرۇپ، نەپسىنى ئۆزىگە ھاكىم قىلىۋالسا، ئۇ ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇپ نەپسىنى ئەقلى ۋە روھىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇندۇرسا، ئۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ياكى پەرىشتىلەردىنمۇ ئۇلۇغ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھايۋانلارغا ئەقىل، ئىدراك ئاتا قىلماستىن، پەقەت نەپسىي ھەۋەسنىلا بەرگەن بولسا، پەرىشتىلەرگە نەپسىي ھەۋەس بەرمەستىن، پەقەت ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن روھنىلا ئاتا قىلغان. ئەمما ئىنسانغا ھەم ئەقىل ـ ئىدرك بىلەن روھ ھەم نەپسىي ھەۋەس ئاتا قىلغان. شۇڭا نەپسىگىلا بېرىلىپ ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان

ئىنسان ھايۋانغا ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك، ئەقىل - ئىدراكىنى قوللىنىپ، نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئەقىل ۋە شەرىئەت بىلەن مۇھاكىمە قىلغان كىشىمۇ پەرىشتىلەردەك، گاھ ئۇلاردىنمۇ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان»دا «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار – ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر.» دەيدۇ. [بەييىنە سۈرىسى 7 - ئايەت] پەرىشتىلەرمۇ مەخلۇقاتنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا بۇ ئايەتتە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان كىشىلەر پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ياكى ئۇلاردىن ياخشىدۇر. نەپسىي ھەۋىسى ئۈچۈنلا ياشاپ، ئاللاھ تائالانى تونۇمىغان ئىنسانلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. «ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسىي خاھىشلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە نەپسىي خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاشقا، ھامىي بولالامسەن. ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.» [فۇرقان سۈرىسى 43 – 44 – ئايەتلەر]

رامىزان روزىسى مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىنسانلىققا لايىق كەلمەيدىغان تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماستىن، بەلكى نەپسىنىڭ خاھىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئۆگىنىپ ۋە چېنىقىپ، ئىنسانلىق ھۆرمىتىگە لايىق ھالدا پەرىشتە ماقامىغا يېتىشى ئۈچۈن پەرز قىلىنغان. مۇسۇلماننىڭ روزىدار ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىن بولۇشى ۋە دۇئا - تىلەكلىرىنىڭ شەكسىز ئىجابەت بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئاسى قەتئىي رەت قىلىنمايدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى، ئىككىنچىسى، ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ دۇئاسى، ئۈچىنچىسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى.» (ئىمام ئەھمەت رىۋايەت قىلغان ھەدىس)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇڭلار، ساغلام بولۇڭلار» روزا تۇتۇشتا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش، سەبىر - تاقەتلىك ۋە ئىرادىلىك بولۇپ يېتىلىش قاتارلىق ئاخىرەتلىك پايدىلار بولغاندەك، تەننىڭ ساغلام بولۇشىغا ئوخشاش دۇنيالىق پايدىلىرىمۇ بار. چۈنكى ئاشقازان - كېسەللىكلەرنىڭ مەركىزى، كېسەلدىن قۇتۇلۇشنىڭ بېشى پەرھىزدۇر. ئاشقازاننىڭ ئارام تېپىشى ئۈچۈن روزىدىن ياخشى پۇرسەت يوقتۇر. باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى پايدا بەرمىگەن كۆپلىگەن شېكەر كېسەللىكلىرى، قان بېسىمى مۈشكىلىسى ۋە باشقىمۇ كېسەللىكلەرنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق ساقايغانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە ماقالىلار يېزىلغان. دۇنيادا كۆپلىگەن دوختۇرلارنىڭ بەزى كېسەللىكلەرنى رېژىم بىلەن داۋالاۋاتقانلىقىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىدى.

رامىزان ئېيى ئىرادىنى كۈچەيتىش ۋە سەبىرچانلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. روزا تۇتقان كىشى ئالدىدا يېمەك - ئىچمەك تەييار تۇرۇپ ئاچلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇنى يېيىش، ئىچىش ۋە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن پەقەت ئۇنىڭ ۋىجدانى توسۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنى نازارەت قىلىدىغان ئاللاھ تائالا بىلەن ۋىجدانىدىن باشقا ھېچبىر نازارەتچى يوقتۇر. بۇ خىل چېنىقىش ھەر كۈنى 15 سائەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ياكى ئازراق ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. دۇنيادا قانداق مەكتەپ ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ۋە سەبرىنى يېتىلدۈرۈشتە رامىزان ئېيىغا ئوخشىسۇن؟!
گېرمانىيىلىك پسىخولوگىيە دوكتورى «ئىرادىنى تىكلەش ۋە كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئامىللىرى» ناملىق

كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئىرادىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئامىل روزا تۇتۇشتۇر». ئەمما ئىسلام دىنى ھازىرقى پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئەمدىلا ئىسپاتلىغان ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلارغا قىلغان مۇنۇ تەۋسىيەسى يېتەرلىك بولسا كېرەك: «ئى ياشلار جامائەسى! ئۆيلىنىشكە قادىر بولالىغىنىڭلار، ئۆيلىنىڭلار، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن. چۈنكى روزا ئۇنى ھارامدىن ساقلايدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ كىشىگە سەبىر ئۆگىتىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتۇش سەبىرنىڭ يېرىمىدۇر.» چۈنكى ئىنساندا ئۈچ خىل كۈچ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، نەپسىي ھەۋەس كۈچى، ئىككىنچىسى، يىرتقۇچ ھايۋانلاردا بولىدىغان غەزەپ كۈچى، ئۈچىنچىسى، پەرىشتىلەردە بولغاندەك روھىي كۈچتۇر. ئىنساننىڭ روھىي كۈچى يۇقىرىقى ئىككى كۈچنى بېسىپ ئۆتەلىگەندە ئۇ يېرىم سەبىرنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. رامىزاندا مۇسۇلمان كىشى نەپسىي ھەۋەسنى ۋە غەزىبىنى روزىنىڭ يۈزىسىدىن تەرك ئېتىدۇ. مانا بۇ، سەبىرنىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلغانلىق. ئىسلام دىنى كۈرەش ۋە تىرىشىش دىنىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتلىق كۈرەشلىرىدە يېڭىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئاۋۋالقى كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇنىڭ سەبرى بىلەن قەتئىي ئىرادىسىدۇر. ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى يېڭەلمىگەن كىشى دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭەلمەيدۇ. بېرەر كۈنلۈك ئاچلىققا چىدىمىغان كىشى، ئۇلۇغ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ چىدىيالمايدۇ.

روزا تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي پايدىلىرىمۇ بولۇپ، روزا تۇتقان كىشى كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ھاسىل قىلىشقا قادىر بولالمىغان بىچارىلەرنىڭ، يېتىم - يېسىر ۋە يوقسۇللارنىڭ ھالىنى چۈشىنىدۇ. چۈنكى ئاچلىقنىڭ دەردىنى چەكمىگەن كىشى ئاچلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى توق يۈرگەنلىكتىن ھەممە كىشىنى ئۆزىگە ئوخشاش توق ھېس قىلىدۇ. ئەگەر روزا تۇتۇپ ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تارتىپ كۆرسە، بۇ ۋاقىتتا كۈنلۈك ئوزۇقنى تاپالمىغان بىچارىلەرنىڭ ھالىنى چۈشىنىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ھاللىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ياردەم قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئىنسانىي بورچ دەپ بىلىدۇ. بىراۋنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يۇمشاق بولۇشى، ئۆزىنىلا ئويلىماستىن باشقىلارنىمۇ ئويلىشى، مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشى ۋە كىشىلەرگە كۆيۈمچان بولىشىدۇر. ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇ پەقەت شەپقەتلىك كىشىلەرگىلا رەھىم - شەپقەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەپقەتلىك كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھىم قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات(ئاللاھ تائالا) رەھىم قىلىدۇ.»

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ خەزىنىسىگە مەسئۇل بولغان ۋاقىتلاردا روزىنى كۆپ تۇتىدىكەن. ئۇ بۇ ھەقتە سورالغىنىدا: «مەن توق يۈرسەم، پېقىرلارنىڭ ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن» دېگەن ئىكەن.

**مۇھەممەد يۈسۈف**